## 21677 ـ بىئاراملىقنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى قايسى؟

### سوئال

بىر كىشى نەپسى تەرەپتىن بەك بىئارام بولۇپ، ئىچكى بىسىم ۋە بىئاراملىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا باشلىدى، ئۇ كىشىنىڭ مۇسۇلمان پىسخىكا دوختۇرىدىن ياردەم سورىشى توغرا بولامدۇ؟ ئەگەر توغرا بولسا، ئۇ دوختۇرنىڭ ئەقىدىسىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەس ئىكەنلىكىنى تەكتلەش كېرەك بولامدۇ؟ ئۇ كىشىنىڭ نېرۋىسىنى تىنچلاندۇرىدىغان دورىلارنى ئىستىمال قىلىشى توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىنسان ئۆزىگە يەتكەن كېسەللىكنىڭ چارىسىنى قىلسا گۇناھ بولمايدۇ، بۇ چەكلەنمەيدۇ، لېكىن قىلىنىغان داۋانىڭ ئۇ كىشىنىڭ ھالىتىنىڭ دەسلەپكىدىنمۇ زىيادە ۋە خەتەرلىك بولىشىغا سەۋەپ بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ.

كېسەللەرگە قىلىدىغان نەسىھىتىمىز، ئۇلار مەيلى  ئىچى سىقىلىپ، بىئارام بولىدىغان روھى كېسەللىك ياكى تۈرلۈك شەكىلدىكى جىسمانىي كېسەللىكلەر بولسۇن، ئۇلار دەسلەپتە شەرئىەتتە كېسەللەرنىڭ ئىلاجىنى قىلىشقا تەۋسىيە قىلىنىغان ئايەت ـ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان رۇقيە ئايەتلىرى بىلەن داۋالىنىشى كېرەك.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ياراتقان ھەسەل ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش تەبىئىي ماددىلار بىلەن داۋالىنىشىغا نەسىھەت قىلىمىز، چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ نەرسىلەردە نۇرغۇن كېسەللەرگە شىپا بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەرنى قىلدى، ئۇنى ئىستىمال قىلغاندا ھېچ قانداق ئەكىس تەسىر كۆرۈلمەيدۇ.

بىئاراملىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ خىمىيلىك ماددىلاردىن ياسالغان دورىلارنى ئىستىمال قىلمىغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا، بۇ كېسەلگە دۇچ كەلگەن كىشىنىڭ خىمىيلىك دورىدىنمۇ بەكرەك روھى ئىلاج قىلىشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئىمانىنى زىيادە قىلىش، پەرۋەردىگارىغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش، دۇئا ۋە نامازنى كۆپ قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ،  شۇنداق قىلغاندا ئۇ كىشىدىكى بىئاراملىق يوق بولىدۇ، ئاللاھ تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۇ

كىشىنىڭ قەلبى ۋە كۆڭلى ئېچىلىدۇ، بۇنىڭ ئەڭ چوڭ تەسىرى نەپسىدىكى نۇرغۇن كېسەللەرنى يوق قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن روھى كېسەل بولغان كىشىلەرنىڭ كاپىر ئەمەس بەلكى ئېتىقادى ساغلام بولمىغان دوختۇرلارنىڭ قېشىغىمۇ بارمايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. دوختۇر ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى بىلىدىغان بولسا، كېسەلگىمۇ بەك كۆيۈنىدىغان بولىدۇ.  بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ تەرجىمىسى: ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق ، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز. [سۈرە نەھل 97–ئايەت].

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مۆمىنىنىڭ ئىشى ھەيران قالارلىق، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى خەيرلىكتۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق كەلسە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خەيرلىكتۇر. ئەگەر مۇسىبەتكە ئۇچرىسا سەبىر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە خەيرلىكتۇر. بۇنداق بولۇش پەقەت مۆمىن كىشىگىلا نەسىپ بولىدۇ. [مۇسلىم رىۋايىتى 2999–ھەدىس].

مۇسۇلمانىنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى دۇنيا بولۇشى توغرا بولمايدۇ، ئۆزىنىڭ رىزقىغا بىئارام بولماسلىقى كېرەك، بۇ ئارامسىزلىق يۈرىكى ۋە ئەقلىگە يەتمەسلىكى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ كېسىلى ۋە ئارامسىزلىقى زىيادە بولىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ غېمى ئاخىرەت بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ قەلبىدە بىھاجەتلىكنى قىلىدۇ، ئۇنىڭ چېچىلغان ئىشلىرىنى جۇغلايدۇ، ئۇ كىشى خالىمىسىمۇ دۇنيا ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ، بىر كىشىنىڭ غېمى دۇنيا بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا پېقىرلىقنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قىلىدۇ، جۇغلانغان ئىشلىرىنى چېچىۋېتىدۇ، دۇنيادىن پەقەت تەقدىر قىلىنغان نەرسىگىلا ئېرىشەلەيدۇ. [تىرمىزى رىۋايىتى 2389–ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ سەھىھ دەپ "سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا" ناملىق ئەسەرنىڭ 6510 – نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىنسانىنىڭ تاڭ ئاتقۇزغان ۋە كەچ قىلغان ۋاقىتتىكى ئەندىشىسى پەقەت بىر ئاللاھ بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ پۈتۈن ھاجەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، غەم–قايغۇلىرىنى كۆتۈرىدۇ، قەلبىنى ئۆزىنىڭ سۆيگۈسىگە ھازىرلايدۇ، تىلىنى زىكىرغا ۋە ئەزالىرىنى ئۆزىنىڭ تائەت–ئىبادىتىگە لايىق قىلىدۇ، ئەگەر تاڭ ئاتقۇزغان ۋە كەچ قىلغان ۋاقىتتىكى ئەندىشىسى مال–دۇنيا بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بارلىق غەم–قايغۇ، قىيىنچىلىقلىرىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە مەسئۇل قىلىدۇ، ئۆز نەپسىگە تاپشۇرىدۇ، قەلبىنى ئۆز سۆيگۈسىدىن مەخلۇقنىڭ سۆيگۈسىگە مەشغۇل قىلىدۇ، تىلىنى ئۆزىنىڭ زىكرىدىن ئۇلارنى زىكىر قىلىشقا، ئەزالىرىنى ئۆزىگە تائەت–ئىبادەت قىلىشتىن ئۇلارغا خىزمەت قىلىشقا مەشغۇل قىلىدۇ، ئۇ كىشى خۇددى باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە بولغان ۋەھشى ھايۋاندەك ھېرىپ–چارچايدۇ، ئاللاھ تائالاغا بەندىچىلىك قىلىش، تائەت–ئىبادەت قىلىش ۋە ياخشى كۆرۈشتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنى ئاللاھ تائالا مەخلۇققا قۇلچىلىق قىلىش، مەخلۇقنى ياخشى

كۆرۈش ۋە مەخلۇقىقا خىزمەت قىلىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ الرَّحْمَٰنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ تەرجىمىسى: كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى ھۆكۈمران قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ. [سۈرە زۇخرۇپ 36-ئايەت]. "ئەلفەۋائىد" ناملىق ئەسەر 159 ـ بەت.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: "مۆمىن روھى كېسەل بولامدۇ؟ بۇنى داۋالاشنىڭ يولى شەرئىەتتە قانداق بولىدۇ؟ مەلۇم بولۇشىچە تىبابەتتە بۇ كېسەللەرنى يېڭى زامان دورىلىرى بىلەن داۋالايدىكەن؟ دەپ سوئال قىلىنغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن ئىنسان روھى كېسەللەرگە گىرىپتار بولىدۇ، كەلگۈسى ئۈچۈن غەم قىلىش، ئۆتكەن ۋاقىتقا قايغۇرۇش، روھى كېسەلنىڭ بەدەنگە بولغان تەسىرى ھېسسى كېسەلنىڭ تەسىرىدىن كۆپ بولىدۇ، بۇ كېسەللىكنىڭ دورىسى شەرئى ئىشلار بىلەن يەنى رۇقيە ئوقۇش بىلەن بولىدۇ، بۇ ھېسسى دورىلار بىلەن داۋالانغاندىن مەنپەئەتلىك بولىدۇ".

روھى كېسەللىكنى داۋالايدىغان رۇقيە شەرئىلەردىن: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان سەھى ھەدىستە، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانغا غەم-قايغۇ، بىئاراملىق يەتكەندە، ئۇ كىشى: ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ بەندەڭ، بەندەڭنىڭ ۋە دېدىكىڭنىڭ بالىسى، كۆكۈلام سېنىڭ قولۇڭدا، ماڭا ھۆكمىڭ يۈرگۈزۈلگۈچى، ئادالىتىڭ ئىجرا قىلىنغۇچى، سەن ئۆزۈڭنى ئاتىغان ياكى خەلقىڭدىن بىر كىشىگە بىلدۈرگەن ياكى كىتابىڭدا نازىل قىلغان ياكى ھوزۇرۇڭدىكى غەيبى ئىلمىدە تاللىغان ئىسىملىرىڭ بىلەن سورايمەن، قۇرئان كەرىمنى قەلبىمنىڭ باھارى، كۆڭلۈمنىڭ نۇرى، ئارامسىزلىقىمنى يوق قىلغۇچى ۋە غەم-قايغۇلىرىمنى كەتكۈزگۈچى قىلغىن دەپ دۇئا قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. مانا بۇ شەرئى داۋالاشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنىڭدەك ئىنسان: سەندىن باشقا ئىلاھى مەبۇد يوق، سەن پاكتۇرسەن، مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن دىسىمۇ بولىدۇ.

بۇنىڭدىن ئارتۇقراق مەلۇمات ھاسىل قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشى ئۆلىمالارنىڭ زىكىر توغرىسىدىكى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلسۇن. ئۇ كىتابلاردىن: ئىبنى قەييىمنىڭ "ۋابىلىس سەييىب" ناملىق ئەسىرى، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھنىڭ "كەلىمىتتەييىب"، ئىمام نەۋەۋىينىڭ"ئەلئەزكار" ۋە ئىبنى قەييىمنىڭ "زادىل مىئاد" ناملىق ئەسەرلىرى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

لېكىن ئىنسانىنىڭ ئىمانى زەئىپلەشكەندە، نەپسىنىڭ شەرئى دورىلارنى قوبۇل قىلىشىمۇ ئاجىزلىشىدۇ، ھازىر ئىنسانلار شەرئى دورىدىن كۆرە ھېسسى دورىلارغا بەكرەك تايىنىدۇ، ئەمما ئىمانى كۈچلۈك بولغاندا، شەرئى دورىلار تولۇق تەسىر كۆرسىتىدۇ، بەلكى ئۇنىڭ تەسىرى ھېسسى دورىلاردىن تېز بولىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئەۋەتكەن قۇشۇندىكى بىر كىشىنىڭ ۋەقەلىكى ھەممىمىزگە مەلۇملۇق، ئۇلار ئەرەپلەرنىڭ بىر مەھەللىسىگە چۈشىدۇ، مەھەللىدىكىلەر چۈشكەن ساھابىلارنى مېھمان قىلمايدۇ،

ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن ئۇ مەھەللىنىڭ بىگىنى يىلان چېقىۋالىدۇ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ بەزىسى بەزىسىگە: مەھەللىمىزگە چۈشكەن كىشىلەرنىڭ يېنىغا بىرىپ بىقىڭلار بەلكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رۇقىيە ئوقۇپ قويىدىغانلار تېپىلىپ قالار دەيدۇ، ساھابىلار ئۇلارغا: ئەگەر سىلەر بىزگە مانچە دانە قوي بەرسەڭلار سىلەرنىڭ بىگىڭلارغا رۇقىيە ئوقۇپ قويىمىز دەيدۇ، ئۇلار: بولىدۇ، دەيدۇ، ساھابىلاردىن بىرى بىرىپ يىلان چېقىۋالغان كىشىگە پەقەت پاتىھە سۈرىسى بىلەنلا رۇقىيە ئوقۇپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يىلان چېقىۋالغان كىشى ساقىيىپ تۇرۇپ كېتىدۇ.

پاتىھە سۈرىسى ئۇ كىشىگە مۇشۇنداق تەسىر قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىمانغا تولغان قەلبىدىن سادىر بولغان ئىدى، ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: پاتىھە سۈرىسىنىڭ رۇقىيە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟ دەيدۇ. لېكىن بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە دىن، ئىمان ئاجىزلاشتى، كىشىلەر ھېسسى نەرسىلەرگە بەك تايىنىدىغان بولغاچقا مۇشۇنداق ئىشلارغا دۇچار بولدى.

لېكىن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قارشىسىدا سېھىرگەرلەر، كىشىلەرنىڭ ئەقلى، ئېتىقادارى ۋە سۆزلىرى بىلەن ئوينىشىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ياخشى كىشىلەر دەپ ئويلايدۇ، لېكىن ئۇلار كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى باتىل يول ئارقىلىق يەيدۇ، ئىنسانلار ئىككى زىت نەرسىنىڭ ئارىسىدىدۇر: بەزىلەر چېكىدىن ئېشىپ رۇقىيە ئوقۇغاننىڭ ھېچ قانداق تەسىرى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چېكىدىن ئېشىپ يالغان قىرائەت ۋە ساختىپەزلىك قىلىش بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەقىللىرى بىلەن ئوينىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوتتۇراھال يول تۇتىدۇ". ["ئىسلام پەتىۋالىرى"4-توم 465-466-بەت]. ئاللاھ تائالادىن، بىزنى ۋە سىزنى غەم-قايغۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاشنى، قەلبىمىزنى ئىمان، ھىدايەت ۋە خاتىرجەملىككە ئېچىۋېتىشىنى سورايمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.